法治日報
LEGAL DAILY

# 新疆维吾尔自治区乌鲁木齐市天山区人民法院公告

（2025）新0102民初6246号 本院受理原告麦尔当·阿布都外力与被告新疆艾格乃普商务信息咨询有限公司，第三人银来融资租赁（上海）有限公司乌鲁木齐分公司买卖合同纠纷一案，因第三人银来融资租赁（上海）有限公司乌鲁木齐分公司下落不明，现已刊登公告。

新疆维吾尔自治区乌鲁木齐市天山区人民法院

公告内容如下：

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئېلانى

(2025) ش 0102 ھ د 6246-نومۇرلۇق

يېڭىلەي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىجارىكەشلىكى(شاڭخەي) چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى:

مەھكىمىمىز دەۋاگەر مەردان ئابدۇۋەلى بىلەن جاۋابكار شىنجاڭ ئەلگەنەپ سودا ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، 3-كىشى يېڭىلەي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىجارىكەشلىكى(شاڭخەي) چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىم-سېتىم توختام ماجرا دېلوسىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. ھازىر مەھكىمىمىزنىڭ (2025)ش 0102 ھ د 6246-نومۇرلۇق ھۆكۈمنامىسىنى ئېلان ئارقىلىق يەتكۈزدۇق. ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. دەۋاگەر مەردان ئابدۇۋەلى بىلەن جاۋابكار شىنجاڭ ئەلگەنەپ سودا ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىك چەكلىك شىركىتى ئوتتۇرىسىدىكى 2017-يىلى 7-ئاينىڭ 17-كۈنى تۈزۈلگەن توختامنامە بىكار قىلىنسۇن؛

2. جاۋابكار شىنجاڭ ئەلگەنەپ سودا ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىك چەكلىك شىركىتى دەۋاگەر مەردان ئابدۇۋەلىگە ماشىنا پۇلى 65166 يۈەننى قايتۇرسۇن.

جاۋابكارنىڭ دەۋاگەرگە تۆلەشكە تېگىشلىك پۇلنىڭ جۇغلانمىسى 65166 يۈەن بولۇپ، جاۋابكار ھۆكۈم قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھامان دەۋاگەرگە بىر قېتىمدا قايتۇرسۇن. ئەگەر يۇقىرىقى پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» نىڭ 264-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتىنىڭ ئۆسۈمى بانكا ئوخشاش مەزگىلدىكى قەرز ئۆسۈم پىرسەنتى بويىچە ھەسسىلەپ قايتۇرۇلىدۇ.

مەزكۇر دېلونىڭ دېلو قوبۇل قىلىش ھەققى 1429.15 يۈەن، پوچتاھەققى 40 يۈەن، ئېلان ھەققى 200 يۈەن (دەۋاگەر ئالدىن تاپشۇرغان) بولۇپ، جەمئىي 1669.15 يۈەننى جاۋابكار شىنجاڭ ئەلگەنەپ سودا ئىشلىرى

مەسلىھەتچىلىك چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالسۇن.
مەزكۇر ھۆكۈمگە قايىل بولمىغان تەرەپ ھۆكۈمنامىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە مەھكىمىمىز ئارقىلىق ئەرز سۇنۇپ ھەمدە قارشى تەرەپ دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئادەم سانى بويىچە كۆچۈرمىسىنى تاپشۇرۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بەرسە بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھەر تيانشان رايونلۇق خەلق

سوت مەھكىمىسى

2025-يىلى 10-ئاينىڭ 22-كۈنى

دېلو بىجىرگۈچى سوتچى: ئابدۇۋەلى ئابلەت

پۈتۈكچى: ئادىلە ئابلەت

تېلفون نومۇرى: 0991-8550061

خەت ئالاقە ئادرېسى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھەر تيانشان رايونى جىنىن يولى 246-نومۇر ئۈرۈمچى شەھەر تيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى.

本公告刊登在2025年10月22日
本公告从法治网、法治号下载